

تاڭ ناۋاسى

غەيرەت مەتتىمىن فوتوسى

## ئىككى شېئىر

**ئوسمانجان ساۋۇت**

### كۆيۈك تاغلار

ھەيرانە سەزگۈمنى ئاتتىم قوينۇڭغا،
چوغلانغان، گىياھسىز كۆيۈك تاغلىرىم.
شۇندىمۇ تىلتۇمار ئاستىم بوينۇڭغا،
ئالىسەن سۆيگۈنى ئالغان باغلىرىم.

«قۇتادغۇبىلىك»نى ۋاراقلىغاندەك
مەن سېنى ئاۋايلاپ ۋاراقلاپ كۆرسەم.
ۋە بەلكىم يولۇقار غۇچچىدە ھېكمەت،
ئارمىنىم: ئۇلارنى باغرىمغا ئۆرسەم.

سۆزلەرسەن ئېھتىمال ئۇزاق ھېكايەت،
ئۆزەككە ئايلىنار ئادەم ۋە ھاۋا.
مىليون يىل كەچمىشى گۈزەل رىۋايەت،
ئاسمانلار تىلىدا تۈگمەس ناۋا.

ئارچىلار ھەققىدە سۇرمەيمەن خىيال
تەشنالىق دەردىگە چىدايمەن مىڭ يىل.
تەگقىس بوپ ئالدىمدا بولما ھەرگىز دال،
ئۇلغىماس ھەسەلدىن قىلىنى سۆيگەن دىل.

ئەزەلىي ئىشقىمدەك قالدىڭ كەينىمدە
ئۇيۇق بوپ كېلىمەن، ئۇيۇققا ئۇدۇل.
ھاياجان ۋە غۇرۇر ئاقار قەلبىمدە،
جۇش ئۇرغان سۆزۈمنى قىلغايسەن قوبۇل.

### لۈكچۈن

بۇلۇتلارنى توشۇپ چۈشسەم كۆكتىن ناۋادا،
ياپراقلارغا سىڭىپ تۆگەر، قالمايدۇ ئىششىپ.
ياپراقلارنى يۇلتۇزلارغا بۆلسەم سامادا،
تۆگەر يۇلتۇز، ياپراقلىرىڭ قالىدۇ ئىششىپ.

ياپراقلارنىڭ كۆيلىرىگە تولغان بۇ زېمىن،
شۆگلارغا شۇڭ گىرە سېلىپ ياتىدۇ تۇتاش.
ھەر غېرىچ يەر شەربەت بۇلاق، دىل تاپار ئىمىن،
بىر مۆجىزە تۆكەر ساڭا ھەر كۈنى قۇياش.

دانىسىدەك ئانارلارنىڭ سۈزۈك ۋە سەردان
پەرىلىرىڭ ئېلىۋاپتۇ يېشىل بىر جەننەت.
يۇردۇم سەندە نەچچە سائەت، چىچەكلىدى جان،
يۇرەكلەرگە غۇلغۇي سالدى يەنە مۇھەببەت.

نەچچە قەۋەت تېرە تاشلاپ جۇلغۇندى روھىم،
ياگراپ كەتتى قۇلىقىمدا تىنغان سادالار.
شاشلىقىنى ئالدى تېپىپ قايتىدىن زوقۇم،
ئېرىپ كەتتى ئېڭىمدىكى يۇمران خاتالار.

ياپراق يارقىن، دىللار يارقىن، يارقىندۇر دۇنيا،
يارقىنلىقتا بار گۈناھقا ياغار كەچۈرۈم.
بىر مەرۋايىت ئارال بولۇپ تۇيۇلدۇڭ گويا،
ئاتام ئىدى، گۈزەللىك بار، گۈزەل لۈكچۈنۈم.

## ئىككى شېئىر

**تۇرغۇنجان تۇرسۇن**

### بىر مىنۇت

قاراپ تۇرۇپ قالساڭ بىر مىنۇت،
قىسقىرايدۇ ئۆمرۈڭ يۈز مىنۇت.
بولالىساڭ پەرھات بىر مىنۇت،
يۈز شېرىنغا ياقالايسەن ئوت.

غەم چۆلىدە كەزسەڭ بىر مىنۇت،
يۈز گۈلزاردىن قالىسەن قۇرۇق.
كۆلەلىسەڭ قېنىپ بىر مىنۇت،
يار بولىدۇ ساڭا يۈز ئۇتۇق.

### سۇۋادان

يول بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرسەن،
ھۆسن قوشۇپ يۇرتىمىزنىڭ ھۆسنىگە.
دەۋرەپ كەلگەن جۇت- بورانىنى توسسەن،
قوم يولاتماي مۇنبەت ئېكىن ئۈستىگە.

يولۇچىغا قۇچىقىڭنى كەڭ ئېچىپ،
راھەتبەخش سايە تارتۇق قىلىسەن.
پىژغىرىمدا سالقىنىدىغان جانلارغا،
پىشىللىقتىن ئىزگۈ تۇيغۇ بېرىسەن.

ياپرىقىڭدا داستانى بار سۆيگۈنىڭ،
قىز-يىگىتلەر ئاڭلاپ -ئاڭلاپ ھارمايدۇ.
يىلتىزىڭدا بولغاچ ئانا مېھرىدەك،
زور ھارارەت شۇڭا جىسمىڭ تالمايدۇ.

ئېھ، سۇۋادان، سەن يېشىللىق دىلبىرى،
سەن ئەبەدىي كۆكلەمنىڭ گۈل تاجىسى.
سەن قۇرۇساڭ سولار ھايات گۈللىرى،
ساڭلا خاس شۇڭا قەلبىم ناخشىسى.

## ئىلىم ئىزدە ئوغلۇم ئەبەد

**ماخمۇتجان ئىسلام**

نەسىھەت شۇ: ئوغلۇم، ئېسىل خىسلەت يارات،
ئۆگەن، ئۆگەت، ئەلگە ئىلىم - ئىرپان تارات،
مەغرۇرلانما، ھامان ئىزدەن، سىناقتىن ئۆت،
ئىلىم بىرلە قۇچقىن نۇسرەت، قىلغىن پارات.

بىلىم - دەريا، بارچە ئىنسان تەشنا ئاڭا،
ئىنسان تۈگۈل چۆلۇ بوستان تەشنا ئاڭا،
بىلىم - گۆھەر، گاداي، سۇلتان تەشنا ئاڭا،
بىلىم بولماي ۋىسال قۇچۇپ كۈلمەس ھايات.

دەسمايە ئۇ پانىي، باقىي ئالەم ئارا،
شۇ دەسمايە بولمىسا گەر بەختىڭ قارا،
بىلىمسىزسەن، مەھكۇملۇقتا قەلبىڭ يارا،
ھاياتىڭغا يولىمايدۇ ئامەت، قۇۋات.

ئىلىم - ئىرپان شەربىتىدىن ئارمان قانار،
ئىرپان بىلەن دىل يورۇتقان نۇسرەت تاپار،
بىلىمسىزلەر نادانلىقتا دەردتە قالار،

## ئىككى غەزەل

**يۈسۈپجان بارات**

**1**

ئۇلۇغلاپ ئۆتمىكىم بەختىم ۋەتەننى تۇتىيا ئەيلەپ،
چۆمەر قەلبىم خۇشاللىقتا ۋەتەننى نۇر - زىيا ئەيلەپ.

ۋەتەن گۈلگۈن قۇچاقىڭدا قىلىپ خەندە يىگىت بولدۇم،
ئۆزگە تاراتتى چىن مېھرىڭ، دىلىمنى مەھلىيا ئەيلەپ.

يېتىلدۇرگەچكە ئەللەيلەپ بۆلەپ نۇرغا قۇچاقىڭدا،
ئەقىدەمدىن كۆيەرمەن ھەم ساڭا مېھرى ۋاپا ئەيلەپ.

ۋەتەن دەپ سايرىدىم بۇلبۇل كەبى گۈلباغلىرىڭ ئىچرە،
گۇپۇلدەپ چاڭقىغان ھىدىڭ ۋۇجۇدۇمغا شىپا ئەيلەپ.

بولۇپ ۋارىسى ئەجدادىنىڭ قۇچۇپ نۇسرەت سەپەرلەردە،
قىلارمەن ئەلنى شاد ھەردەم مۇقام بىرلە ناۋا ئەيلەپ.

ئۇرارمەن تىغ ساداقەتتىن ئېلىپ چەكسىز مادار - غەيرەت ،
ئەگەر دەۋرەپ رەقىپ كەلسە ۋەتەن - يۇرتقا جاپا ئەيلەپ.

**2**

ئېھ، ئانا يۇرتۇم سېنىڭ قوينۇڭ گۈزەل جەننەت ماڭا،
مېھنىتىم ئەجرىمدە گۈللەش بىر ئۇمۇر خىسلەت ماڭا.

شۇ گۈزەل باغرىڭدا خۇشچاغ يېتىلىپ بولدۇم قىران،
ئاقلىماق بۇرچۇمنى ھەردەم قۇت - بەخت ئامەت ماڭا.

سەن ئۈچۈن بارىم تەئەللۇق ئانجان يۇرتۇم مېنىڭ،
ئۆتمىسەم ئەھدىمنى ئاقلاپ ئەل دېسۇن لەنەت ماڭا.


ئەمگىكىمدىن گۈلجامالىڭ بەرگىگە چەكسەم نەقىش،
كۈلسە دىلدىن ئارمىنىم شۇچىن ھوزۇر راھەت ماڭا.

ئەتمىكىم بار جۇرئىتىم بىرلە قوينۇڭنى باھار،
يايرىسا ئەل كۆڭلى ھەردەم شۇدەقىق قىممەت ماڭا.

ئارمىنىم شۇ باغرى كەڭ ئالتۇن دىيارغا گۈل تېرىش،
مېنى تۇغقان جان ئانامنىڭ ھۆسنى گۈل زىننەت ماڭا.


# ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان پوچتا - تېلېگراف ساھەسى





↑ پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز ساھەسىدىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.

↑ «خەلق پوچتا - تېلېگرافى خەلقنى كۆزلەيدۇ»، پوچتالىيونلار يوللانمىلارنى تارقىتىشقا ئاتلاندى.




↑ «114» تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىش ئىستانسىسىدىكى مۇلازىم قىزلار خىزمەت

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف ساھەسى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نەتىجىلىرى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر ساھە - ھەر كەسىپ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلار 1979 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىغا 4 مىليارد 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش قەدىمىنى ناھايىتى چاپسان تېزلەتتى، جۇملىدىن ناھىيىدىن يۇقىرى ھەممە شەھەردە تېلېفوننىڭ پروگراممىلاشتۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى، غول لىنىيىلىك پوچتا يوللىرىنى 100 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشۇردى، پوچتا خەۋەرلىشىش تورلىرىنىڭ تېخنىكىلىق قوراللىنىش سەۋىيىسىنى تېز سۈرئەتتە ئۆستۈردى، يەر ئاستىدا ئوپتىكىلىق كابېل ئارقىلىق يوللاش، يەر يۈزىدە رەقەملىك مىكرو دولقۇن ئارقىلىق يوللاش ۋە ھاۋا بوشلۇقىدا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يوللاش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن زور سىغىملىق، ستېرېئولۇق زامانىۋى غول لىنىيىلىك يوللاش تورىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. تېلېگراف تورىنى تەقلىدىي توردىن رەقەملىك تورغا، ئاپتوماتسىز توردىن ئاپتوماتىك تورغا ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى، ئاساسىي غول لىنىيىلىك پوچتا يوللىرىنى كېچە - كۈندۈز پوچتا ئاپتوبۇسى قاتنايدىغان تېز پوچتا يوللىرىغا ئۆزگەرتتى، پوچتا كەسپىي كىرىمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ باردى، مۇقىم مۈلۈكنى يىلدا




↑ نەزەرىيە ئۆگىنىپ سىياسىي ساپانى ئۆستۈرۈش - كەسپىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كاپالىتى. ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى بەش يىلدىن بۇيان تۈرلۈك شەكىلدىكى 13 قارار نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، تايانچلارنى تەربىيىلىدى.






↑ ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئىنقىلابىي غايە تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى.



↑ ئېنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتىش ياشانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تېخىمۇ ياشارتىۋەتتى.



↑ بالىلارنىڭ ھۆسن خەت مۇسابىقىسى ئاتا - ئانىلارنى جەلپ قىلدى.


كېچە - كۈندۈز پوچتا ئاپتوبۇسى قاتنايدىغان تېز پوچتا يوللىرىغا ئۆزگەرتتى، پوچتا كەسپى كىرىمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ باردى، مۇقىم مۈلۈكنى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 51% تىن ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەرەققىياتى ئەڭ تېز، ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ كۈچەيتىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئەتتى. «ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى بوشاشتۇرمىدى، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى، ۋەزىيەت تەربىيىسى، كەسىپ - تېخنىكا تەربىيىسىنى ئىزچىل، مۇقىم ئېلىپ باردى، «خەلق پوچتا - تېلېگرافى خەلقنى كۆزلەيدۇ» دېگەن تېمىدىكى ئەخلاق تەربىيىسىنى، مەدەنىيەتلىك كارخانا قۇرۇش تەربىيىسىنى، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى، «پوچتا - تېلېگراف يېڭى ئىستىلىنى تىكلەپ، ئەلا مۇلازىملىق قىلىش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ ھەممىسىگە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلىك ئورۇن»دەپ نام بېرىلدى. 26 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەر - ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىيەتلىك ئورۇن»دەپ نام بېرىلدى. 1994 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان ساھە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى كەسىپ - ساھەلەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدىكىلەر پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پەرقلەرنى تېپىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامنى ساقلاش ۋە يەنە يېڭى پەللىگە ئۆرلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ھەسەن ئېلى



↑ ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى پوچتا - تېلېگراف ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتتى.



↑ «114» تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىش ئىستانسىسىدىكى مۇلازىم قىزلار خىزمەت ئۈستىدە.



↑ «پوچتا - تېلېگراف يېڭى ئىستىلىنى تىكلەپ، ئەلا مۇلازىملىق قىلىش» پائالىيىتى پوچتا - تېلېگراف خادىملىرىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى، سۈرەتتە: ئاپتوماتىك پوچتا تىجارەت پونكىتىدىكىلەر خىزمەت ئۈستىدە.




↑ پوچتا - تېلېگراف ساھەسىدە ھەر خىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساغلاملىقى ئاشۇرۇلدى.

سۈرەتتە: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىدا يەنە بىر تۈركۈم چېمپىيونلار بارلىققا كەلدى.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشۋىقات باشقارمىسى تەمىنلىگەن.

بەتنى مۇختەر ئەپىرى لاھىيىلىگەن

# 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - سانلىق يىغىنى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 26 - ئۆكتەبر تېلېگراممىسى. 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - سانلىق يىغىنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى.

يىغىنغا چياۋشى ۋېيىۋەنجاڭ قاتناشتى، مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭ ۋاڭ خەنبىن رىياسەتچىلىك قىلدى.

لى پېڭ زۇڭلىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، مۇئاۋىن زۇڭلى جياڭ چۈنيۈن گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن يىغىنغا دېھقانلارنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا دوكلات بەردى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پىقىندا قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئەمگەك قانۇنى ۋە مائارىپ قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەنىدى، بۈگۈنكى ئومۇمىي يىغىندا مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭلاردىن نى جىفۇ، فېي شياۋتۇڭلار بۇ ئىككى قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

يىغىندا يەنە مىڭ لىيەنكۈن، زىڭ شيەنلىن، جاۋدۇڭۋەن، لىن لېيىۋنلەرنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى ئەدلىيە كومىتېتى، مالىيە كومىتېتى، مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى، مۇھاجىرلار كومىتېتىدىن ئىبارەت تۆت مەخسۇس كومىتېتقا ۋەكالىتەن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر پارلامېنتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ 96 - نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ۋە جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاتنىشىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى يازما دوكلات ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مولداۋىيە، يۇگوسلاۋىيىدە زىيارەتتە بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى يازما دوكلات، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋېنېسۇئېلا، كولۇمبىيە، پېرۇ ۋە ئېكۋادوردىن ئىبارەت تۆت دۆلەتتە زىيارەتتە بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى يازما دوكلات قاراپ چىقىلدى.

## بىر جۈملىلىك خەۋەرلەر

● باش شۇجى جياڭ زېمىن 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئارمىيىنىڭ مەشىقتە ئىشلىتىلىدىغان تەقلىدىي ئەسۋاب نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

● گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى جياڭ چۈنيۈن 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭنەنخەيدە جۇڭگودىكى ئون مەشھۇر ياش دېھقان بىلەن كۆرۈشتى.

● دۆلەت كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش باش قوماندانلىق شتابى چاڭجياڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئايدىڭلاشتۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇش

# ئۇزۇن سەپەر روھى مەڭگۈ نۇرچاچىدۇ

## كىرىش سۆز

بۇ يىل 10 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى، دېھقان قىزىل ئارمىيىسى ئۇزۇن سەپىرى غەلىبە قىلغانلىقىغا 60 يىل بولدى. بۇنىڭدىن 60 يىل بۇرۇن جۇڭگو ئىشچى، دېھقان قىزىل ئارمىيىسى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قورشاش، قوغلاش، توسۇشلىرىنى تار - مار قىلىپ، 25 مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، ئۇلۇغ ستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشنى ئورۇنداپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى.



↑ قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە باردى. سۈرەتتە: يولداش جۇئېنلەي.




↑ 1935 - يىلى 6 - ئايدا قىزىل ئارمىيە جياجىڭشەن تېغىدىن ئۆتتى. بۇ تاغ دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز بولۇپ، يىل بويى قار كەتمەيدۇ، ھاۋاسى شالاڭ ۋە ئۆزگىرىشچان.



↑ قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ باردى. سۈرەتتە: يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن جۇدې.



↑ يولداش ۋاڭ جېن (ئالدىنقى رەت سولدىن 1 - كىشى) ئۇزۇن سەپەردە مياۋزۇلار بىلەن بىللە.



↑ قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۇزۇن سەپەردە يېگەن ياۋايى كۆكتات ۋە كەيگەن چىغ چىلىتكە.



↑ قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ شىمالىي شەنشىگە بارغاندىن كېيىن ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلىرى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى.

سۈرەتلەرنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى: CN 65 — 0002 /Z

新疆日报
（维文）

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)

1996 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى (چارشەنبە) (بۇ سان ئالتە بەت)


## جياڭ زېمىن قاتارلىق رەھبەرلەر دۆلەت مەمۇرىي ئىشلىرى شۆبىۋەنگە بېغىشلىما يېزىپ بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 28 ـ ئۆكتەبر تېلېگراممىسى.** ئېلىمىزدە ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان يېڭى تىپتىكى بىلىم يۇرتى دۆلەت مەمۇرىي ئىشلىرى شۆبىۋەنى بۈگۈن داغدۇغىلىق ھالدا مەكتەپ قۇرۇلۇش ۋە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شۆبىۋەنگە بېغىشلىما يېزىپ بەردى. جياڭ زېمىننىڭ بېغىشلىمىسى: «مەڭگۈ خەلقنىڭ چاكىرى بولايلى»؛ لى پېڭنىڭ بېغىشلىمىسى: «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلىپىگە لايىقلىشالايدىغان قابىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دۆلەت خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرەيلى»؛ چياۋشىنىڭ بېغىشلىمىسى: «دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، مەكتەپنى ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ باشقۇرۇپ، دۆلەت مەمۇرىي ئىشلىرى شۆبىۋەنىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى»؛ لى رۈيخۇەننىڭ بېغىشلىمىسى: «خەلقنىڭ چاكارلىرىنى، ئىختىساسلىق باشقۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرەيلى»؛ ليۇخۇا چىڭنىڭ بېغىشلىمىسى: «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق باشقۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرەيلى»؛ جۇرۇڭجى، خۇجىنتاۋ شۆبىۋەنىڭ ئوقۇش باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەپ خەت ئەۋەتتى.

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن «شىنجاڭ گېزىتى»نى تارقىتىش خىزمىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز.** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى يېقىندا جايلارغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن «شىنجاڭ گېزىتى» نى تارقىتىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

«ئۇقتۇرۇش» تا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «شىنجاڭ گېزىتى» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى مۇھىم جامائەت پىكرى قورالى بولۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىدا جامائەتچىلىكنى يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەشتە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» نى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئادەتتىكى كەسپىي خىزمەت بولماستىن، بەلكى جىددىي سىياسىي ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە گېزىتىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنى داۋاملىق مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش» تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدە ئالدى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» نى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» نى تارقىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەسئۇل شۇجىلار كونكرېت تۇتۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى؛


(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون چاقىرغان نامراتلارغا تەرەققىيات ئارقىلىق يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنى مۇنداق چاقىرىق قىلدى:

# بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلايلى

### يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆز قىلدى

### جانابىل، جاڭ ۋېنيۈ، جوشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ چۈەنيۇ، لى فېڭزې، جاڭ يۈنچۈەن، ۋۇدۇنفۇ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى



سۈرەتتە: يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش. ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋاڭ ۋېيجۈن** فوتوسى

ئۆز مۇخبىرىمىز **مۇھەممەتئىمىن ئۇبۇل** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايون چاقىرغان نامراتلارغا تەرەققىيات ئارقىلىق يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنى 10-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن باشلاندى. يىغىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، تارماقلار، ساھەلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى ۋە تەدبىرلىرىنى ئېنىق بېكىتىپ، بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا چاقىردى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى (تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلىدۇ). يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جانابىل، جاڭ ۋېنيۈ، جوشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ چۈەنيۇ، لى فېڭزې، جاڭ يۈنچۈەن، ۋۇدۇنفۇ قاتارلىقلار قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا مەركەز ئاچقان نامراتلارغا تەرەققىيات ئارقىلىق يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

* * * * *

قىلىندى. لېكىن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەنە 30 نامرات ناھىيە بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى 25 ناھىيە «دۆلەتنىڭ يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە مۇستەھكەم قورغانغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى»غا كىرگۈزۈلگەن،

* * * * *

قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان.

يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى:

## تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولىنىڭ

## 10 ـ توختام تۈرىگە خېرىدار چاقىرىش باشلاندى

